گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى

مالىيە مىنىستىرلىقى

# قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن تەخمىنەن 156 مىليارد يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جاڭ چۈەن، ۋۇ يۆ)** مالىيە مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي كاپالەت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ۋاڭ شىنشياڭ 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق بىلدۈردى: مالىيە مىنىستىرلىقى ئالدىنقى مەزگىلدە مۇددەتتىن بۇرۇن 103 مىليارد يۈەن چۈشۈرۈپ بېرىش ئاساسىدا، ناھايىتى تېزدىن يەنە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قوتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ياردەم پۇل مەبلىغىدىن تەخمىنەن 53 مىليارد يۈەن چۈشۈرۈپ بېرىپ، تەخمىنەن 156 مىليارد يۈەن ئورۇنلاشتۇردى، بۇ، بۇلتۇرقى پۈتۈن يىللىق ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغان ساندىن ئاشتى.

ۋاڭ شىنشياڭ مۇنداق دېدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا بىرقەدەر زور تەسىر كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەرلىكنىڭ مۇناسىۋەتلىك چىقىم بېسىمىنى ئاشۇرۇۋەتتى، بۇ مەبلەغ ھەرقايسى جايلارنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، گوۋۇيۈەننىڭ باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى سالمىقىنى باسقۇچلۇق ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

«بۇ مەبلەغ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ جېنىنى قوتقۇزىدىغان پۇل، بىر پۇڭ، بىر لىنمۇ ياخشى ئىشلىتىش، ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.» ۋاڭ شىنشياڭ مۇنداق دېدى: شۇڭا، مالىيە مىنىستىرلىقى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «دەل جايىدا بولۇش» «ۋاقتىدا بولۇش» «بىخەتەر بولۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ پرىنسىپنى تىرىشىپ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ۋاڭ شىنشياڭ مۇنداق دېدى: قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ياخشى كاپالەتلىك قىلىش ئىزچىل ھەر دەرىجىلىك مالىيەنىڭ قوللايدىغان مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك مالىيە سېلىنما سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ياردەم پۇل سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسلىقى ئۈچ جەھەتتىن قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتىنى كۈچەيتتى: قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى ئىجتىمائىي قوتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، نەپىقە بېرىلىدىغان ئوبيېكتلارغا نەپىقە بېرىش ۋە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش قاتارلىقلار، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان سوغۇرتىغا قاتناشقان ئىشسىزلارغا ئىشسىزلىق سوغۇرتىسى پۇلى ياكى ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى بېرىش.

«كېيىنكى قەدەمدە، مالىيە مىنىستىرلىقى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ياردەم پۇلى سىياسىتى ۋە مەبلەغنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ياردەم پۇلى بېرىش سەۋىيەسىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈشنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەيدۇ» دېدى ۋاڭ شىنشياڭ.

سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقى

# تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ بازارغا كاپالەتلىك قىلىش، زاكازغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۈلۈشكە كاپالەتلىك قىلىشىغا ياردەم بېرىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چېن ۋېيۋېي، دەي شياۋخې)** سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىر ياردەمچىسى رېن خۇڭبىن 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مۇنداق تونۇشتۇردى: سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 400 مىڭدىن ئارتۇق تاشقى سودا كارخانىسىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، زاكاز ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، كارخانىلارنى دەل جايىدا ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ بازارغا كاپالەتلىك قىلىش، زاكازغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۈلۈشكە كاپالەتلىك قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

رېن خۇڭبىن شۇ كۈندىكى گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق تونۇشتۇردى: ھازىر، دۆلەت ئىچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى، ئەمما يۇقۇم پۈتۈن يەرشارىدا كەڭ يامراپ تېز تارقىلىپ، يەرشارى ئىقتىساد ۋە سودىغا غايەت زور تەسىر ئېلىپ كەلدى. يېقىنقى مەزگىلدە سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ نۇقتىلىق ئۆلكە، شەھەر، ھەرقايسى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىگەرلىرى ئۇيۇشمىلىرى ۋە نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تاشقى سودا كارخانىلىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا قولىدىكى زاكاز ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش ياكى مۇددىتى ئۇزارتىلىش، يېڭى زاكاز ئىمزالاش قىيىن بولۇش، ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتى راۋان بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن.

رېن خۇڭبىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەقەملىك تاشقى سودا مۇلازىمەت سۇپىسىنى تېزدىن تەتقىق قىلىپ قۇرۇپ، توردا تۈرلۈك كۆرگەزمىلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، كارخانىلارنى كۆرگەزمىدىن بۇرۇنقى ئۇدۇللاشتۇرۇش، توردا تونۇشتۇرۇش، نەق مەيداندا بىۋاستە كۆرستىش، يىراق مۇساپىلىك كېڭىشىشنى ياخشى قىلىشقا يېتەكلەپ، كارخانىلارنىڭ يېڭى زاكاز قوبۇل قىلىشىغا قولايلىق يارىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاشقى سودا مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكى قىسمدا سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا ئۆلچەم بىلەن دۆلەت ئىچى ئۆلچىمىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئىچكى ـ تاشقى سودىدىكى «توسۇق نۇقتا»لارنى راۋانلاشتۇرۇپ، تاشقى سودا مەھسۇلاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى بازىرىغا كىرىشىنى تېزلىتىش كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىم، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، تاشقى سودا كەسىپ زەنجىرىدىكى ئاچقۇچلۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىشقا نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يېڭىشەھەر بازىرى ياڭگۇاڭ جەنيۈەن مەھەللىسى ھەر كۈنى قاراشلىق رايونغا كىرىپ ـ چىققان ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدى ۋە جەملەپ خۇلاسىلىدى ھەم ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كۈندىلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈسۈپجان مەمەت مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۆرسەتمىسىگە قاتناشقان مەھەللە خىزمەتچىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى قەلبىمىزنى ئىللىتتى، تۈلگەن بارلىق بەدەللىرىمىزنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بىز ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، قىلچە بوشاشماي يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمايمىز».

**«تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز»**

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى مەھەللە خىزمەتچىلىرىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

«يۇقۇم ۋەزىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەھەللە يەنىلا سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم مۇداپىئە لىنىيەسى. باش شۇجىنىڭ جاۋاب خېتى بىزگە بېرىلگەن ئىلھام، شۇنداقلا مەھەللىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشىمىزغا قويۇلغان تەلەپ.» قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونى غەربىي ئۆستەڭ كوچا باشقارمىسى بېغچى يولى مەھەللىسىنىڭ كادىرى يى بىگرۈي مۇنداق دېدى: «ھازىر، تەۋەلىك رايوندىكى كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتىدۇ، كۈندىلىك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، بىز يەنە كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىنچىكە تۇتىمىز، پۇختا تۇتىمىز».

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، غۇلجا شەھىرى دۆڭ مەھەللە كوچا باشقارمىسى دۆڭ مەھەللە مەھەللىسى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياقۇپجان مەمەتئېلى ئادىتى بويىچە تېلېفون بېرىپ، جياڭنەن ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى ۋاڭ شۇخۇانىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىدى. ۋاڭ شۇخۇا قەرەللىك ھالدا بۆرەك دىيالىزى قىلىپ داۋالىنىشى كېرەك ئىدى، ئەمما پەرزەنتلىرى يېنىدا بولمىغاچقا، ياقۇپجان دائىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ دوختۇرخانىغا باراتتى. «باش شۇجى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىڭلار، دېدى، بۇ، مەھەللە خىزمىتىگە قويۇلغان تەلەپ، شۇنداقلا بىزگە قىلىنغان ھەيدەكچىلىك. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز مۇلازىمەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ سەممىمىي ئىشلەپ، تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىمىز» دېدى ياقۇپجان.

**«ئائىلىسىنى تاشلاپ قويۇپ، كۆپچىلىكنى ئويلىدى، ئۇلار ماختاشقا ئەرزىيدۇ»**

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، مەھەللە كادىرلىرى بىزنىڭ تۇرمۇش زۆرۈر لازىمەتلىكلىرى سېتىۋېلىشىمىزغا ياردەملەشتى، تۇرمۇشىمىزدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى، ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئالدىراش يۈردى، ئائىلىسىنى تاشلاپ قويۇپ، كۆپچىلىكنى ئويلىدى، ئۇلار ماختاشقا ئەرزىيدۇ.» 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، گېزىتتىن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاۋاب خېتىنى كۆرۈپ، ئاۋات ناھىيەسى ئاۋات بازىرى خېبىن مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى پاتىگۈل مەخمۇت يېنىدىكى مەھەللە خىزمەتچىلىرىنى ماختاپ مۇنداق دېدى: «نۇرغۇن ئاھالە مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆزى ئۈلگە بولۇش، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈش روھىدىن تەسىرلىنىپ، پىدائىيلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، مەھەللىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەملەشتى».

قۇتۇبى ناھىيەسى قۇتۇبى بازىرى بەخت مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى پەن چىڭفا ئەتراپىدىكى مەھەللە خىزمەتچىلىرى تۇغقانلىرىدەك تۇيۇلدى. «گۈرۈچ ئەكىلىپ بەردى، ئۇن ئەكىلىپ بەردى، كۆكتات ئەكىلىپ بەردى... ئۇلار مەھەللە ئاھالىلىرىگە كېچە ـ كۈندۈز دېمەي مۇلازىمەت قىلدى. بۇنداق ياخشى كادىرلار بىز پۈتۈن جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشىگە ئەرزىيدۇ» دېدى پەن چىڭ.

**(مۇخبىر جاۋ چۈنخۇا، قاتناشقان مۇخبىرلار يۈ شى، جاڭ جىلى، گې يۇۋجۈن، رايىدە، جەزىرە نېسىپبېك، ئىختىيارىي مۇخبىرلار شۇ چېڭشيۇ، ما جې)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، بىخەتەرلىك قىزىل سىزىقىنى قاتتىق ساقلاپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېغىر، زور بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرى، يوشۇرۇن خەۋپنىڭ كۈچەپ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياخشى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشى، يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، تېز سۈرئەتتە ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەخسۇس بەنى قۇرۇشى كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىدىكى توسۇق نۇقتىلارنى ئەمەلىي تېپىپ، دەل تېپىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىدىكى قىيىن نۇقتىلارنى ھەل قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك پىلانلاپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەسىلىلەرنى تۈزەشنى چىڭ تۇتۇپ، دىققەتنى كەمتۈكلۈك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، زور خەۋپ ـ خەتەرنى باشقۇرۇش، تىزگىنلەش، زور يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىش، زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇش كېرەك. مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر، چارىلەرنى ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەر پۇختا ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا سۈرئەتنى تېزلىتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشى كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى «پارتىيە، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش، بىر ئىش ئورنىدا قوش مەسئۇلىيەت بولۇش» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ساھەلەر، تارماقلار ساھەنى باشقۇرۇشتا جەزمەن بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش، كەسىپنى باشقۇرۇشتا جەزمەن بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى باشقۇرۇشتا جەزمەن بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش، بولۇپمۇ قاتناش، قۇرۇلۇش، كان، خەتەرلىك خىمىيەلىك بۇيۇملار، ئوت ئۆچۈرۈش، مائارىپ، ساياھەت ھەمدە ئالاھىدە ئۈسكۈنە، ئېلېكتىر كۈچى، سۇچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق كەسىپ، ساھەلەردە، بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش، قاتتىق تىزگىنلەش، ھادىسە يوشۇرۇن خەۋپىنى قاتتىق تەكشۈرۈش، قاتتىق تۈزىتىش كېرەك. كارخانىلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭ تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇرىدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەبىئىي ئاپەت ۋە تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش، ئۇنى ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ يىلدىن بۇيانقى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ مىڭشەن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىغا قاراپ ماڭدى. بۇ قېتىمقى نۆۋەتچى پويىز ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدە قايتىدىن گۇرۇپپىلىنىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا يىغىپ توپلىنىپ رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا ماڭدۇرۇلىدۇ. «شىركىتىنىڭ ماللىرى تۆمۈر يول ئارقىلىق توشۇلۇپ 15 كۈن ئەتراپىدا موسكۋاغا يېتىپ بارىدۇ، دېڭىز ترانسپورتىغا قارىغاندا بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قىسقارىدۇ» دېدى قاغىلىق 1 ـ شىركىتىنىڭ كەسپىي مەسئۇلى فېي جيەنجياڭ.

شىنجاڭ تۆمۈريولى دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، 2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇنجى يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزىنى يولغا سېلىپ، تېز، قولاي، بىخەتەر، ئەرزان، يېشىل بولغان تۆمۈريول ئەشيا ئوبوروتى يېڭى يولىنى ئېچىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ دائىرىسى كەڭ، مال مەنبەسى تارقاق، ترانسپورت تەننەرخى يۇقىرى بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

يېقىنقى مەزگىلدە، شىنجاڭ ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ زاكاز تالونىنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا ئارىلاشما گۇرۇپپىلاش، مەخسۇس پويىز سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، ترانسپورت جانلىق تەشكىللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزىنى يولغا سېلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئادەم ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ تەرتىپلىك يۆتكىلىشى، ئىچكى ـ تاشقى سودىنىڭ ئۈنۈملۈك تۇتاشتۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرىغا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپىنى بېجىرىشكە تاپشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى مەزگىلىدە، ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يىغىنغا 415 پارچە تەكلىپ سۇنغان. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدەپ، نۇقتىلىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەم ۋەكىللەرنىڭ ئىنكاسى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نۇقتىلىق ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىلىدىغان ۋەكىللەر تەكلىپىدىن ئون پارچىنى بېكىتكەن.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى بېجىرگۈچى ئورۇنلار بېجىرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۈچنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، سىياسەت تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق تەكلىپلەرنى بېجىرىش ئارقىلىق، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك. «مەزمۇن يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇش، بېجىرىش يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بېجىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئېنىق، كونكرېت بولۇش تەلىپى بويىچە، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ ۋەكىللەرگە جاۋاب بېرىش كېرەك. تەكلىپ بېجىرىش خىزمىتىنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش يوللىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، بېجىرىش خىزمىتىنىڭ دەللىكى، ئۈنۈملۈكلۈكى ۋە رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى بېجىرگۈچى ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىشنى ئۆز ئورنىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ، مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ، ئۆز ئورنىنىڭ خىزمەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بېجىرىش خىزمىتى بىلەن ئۆز ئورنىنىڭ خىزمەتلىرىنى ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىشى كېرەك. مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، بېجىرىش ۋەزىپەنامىسى، ۋاقىت جەدۋىلى، يول خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەربىر پارچە ۋەكىللەر تەكلىپىنى ۋاقتىدا، يۇقىرى سۈپەتلىك بېجىرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۆپ تارماق بىرلىشىپ بېجىرىشكە تېگىشلىك ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىگە قارىتا، ئاساسلىق بېجىرگۈچى ئورۇن ھەمكارلىشىپ بېجىرگۈچى ئورۇن بىلەن كېڭىشىشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي بىرىكمە كۈچنى ئاشۇرۇپ، بېجىرىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى.

ئاپتونوم رايوندىكى «بىر ھۆكۈمەت، بىر كومىتېت، ئىككى مەھكىمە»، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى تارماقلار قاتارلىق ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرگۈچى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۈن، لى شۆجۈن، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.